# بىر بۈيۈك تارىخىي سەھىپە - شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ 50 يىللىقىنى ئەسلەپ ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر كېيىنكى ئىستىقلالىيىتى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن چېلىشايلى!

(شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئالدىدا)

يۈسۈف ئاچىن ئەشقەدىرى

مۇشۇ يىل ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر دىيارىدا قۇ-
رۇلغان 1933 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەدىمىي تېپىپ ئاسايىش ئازاد بولغان
بولسىمۇ لېكىن ھازىرقى دۆلەت ئارىمىزدا يالغۇزلۇق بىر سەھىپە قالدۇ-
رۇپ كەلگەن شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ 60
يىل تولۇشى . بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى
ھازىرقى دۆلەت تارىخىي سەھىپىلىرىنى بىر ۋاراقلاپ ، ئۇنىڭغا ئالتۇن
سىياسىي بىلەن يېزىلغان شانلىق ھازىرقى دۆلەت پەيزىلىرىمىز بىلەن
تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە چۈشكەن
ئېغىر مۇسىبەتلەرنى ئەستە مۇھىم ئالاھىدە ئۆچمەس ئىزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ
ئۆتمەكچىمىز .

شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ قەدىمىي ۋە ئوتتۇرا ئەسىر
تارىخى شۇنىسى بىلەن داڭلىق ۋە شۆھرەتلىككى، ئەگەر ئۇ قەبلەل مىلاد-
نىڭ 500 - يىللىرى پۈتۈن ئوتتۇرا ھەم مەركىزىي ئاسىيانى ئۆز تەسىر
دائىرىسىگە ئالغان چەكسىز كەڭ ئانا ھۇدۇد بىلەن بۈيۈك ھون-
تابغاچ « نامىدىكى ۋەتەن پەيدا بولۇپسە، سىياسىي جەھەتتە
غەربنىڭ قەدىمكى يۇنان يېرىم ئارىلىنى چەيقىپ بۇزۇشنىڭ دىيارلەر-
غىچە بەسى سۈرگەنلەر بولەن ئوخشاي زەپەرتىپ كەلگەن
ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن كەبى دۇنياۋى مەشھۇر جاھانگىرنى تەسلىم
سۈلھىگە قول قويۇشقا مەجبۇر قىلغان ئالەمشۇمۇل زور ھەربىي
داڭقا مالىكتۇر. بۇ ئاجايىپ ۋە قەھرىمانى شەرقىي تۈركىستاننىڭ
قادىشەر ۋەتەنپەرۋەر ئوغۇزلار ئىبىغىنىڭ باش ئەگمەس مۇزۇپ
» ئالتۇن قان « مەنبەئىسادىر بولغان ئىدى. بۇدە لەللەر، ئۇلۇق
ئۇيغۇر تۈركى شۇناسى مەھمود كاشغەرىي يىنال قەشقەرىنىڭ «دىۋا-
نۇلۇغەت تۈرك» ئىسىملىك قامۇسىدا ۋە ئوشبۇ ماقالە مۇئەللىپى-
نىڭ «شەرقىي تۈركىستان موجىزە گۈللۈستان» ئىسىملىك ساياھەت-
نامىسىدا سابىتتۇر.

ئەلبەتتە يۇقۇرقىغا ئوخشاش چەكسىز ئانا دىيارغا، شۇنىڭغا
لايىق قۇدرەتلىك مىللىي دۆلەتكە ئىگە شەرقىي تۈركلىرى ئۆزمەز-
گىللەر رۇم، مىسىر، ئىران، خىتاي ۋە ھىندى مەدەنىيەتلىرىگە
تاقابىل كېلەلىغان يۈكسەك مىللىي مەدەنىيەتكە ھەم ئىگە ئىدى.
بۇ مەدەنىيەت مەمارلىق جەھەتتە قەشقەر كەبى پۈتۈن ئەللەرگە
گۈللەنگەن كاشغەرلىرىنى ياسالغان قەۋەت - قەۋەت گۈزەل
ئىمارەت، مۇنار، داۋاق، گۈمبەزلىرى بىلەن شەرق ھەيدىغە-
رىپنى ھەيرەتتە قالدۇرسا، خوتەندىكى ھىندىستانلىقلار ئاستى
سەنئىتى ئاتلىرىنىڭ ئوخشاش چوڭ ئىخلاسلىرىگە لايىق
شەھەرلىرىنى ساپال قۇبۇرلىرى ئارقىلىق سۇ بىلەن تەمىنلىگىنى.
خوتەن قىسمى بىلەن ئىبادەتخانىلىرى ئاينە بەنى قىلىپ مىلىڭ

خەلقنى زىيادە نەقىشلەر بىلەن ئىمارەتلەرنى مۇنەققەش ئەيلەر ئىدى. مىللىي قول سانائىتى يۈزلىگەن خىللىرىدىكى دەستگاھلاردا توقۇلما مال‌لارنى توقۇپ بازارلارنى باياشات تۇتار ئىدى.

سەنئەت جەھەتتە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان بويلاپ تاك-لىماكان، كۇچار، قەشقەر، قاراشەھەر، تۇرپان، قۇمۇل، خو-دۇنخاڭلاردا تاغ ھەم تۈزلەڭلەردە قۇرۇلغان بىباھا مىڭ-ئۆيلەر، خوشنا ھىندىستان، ئىرانلاردىكى شۇ ئەھلىتتە قۇرۇ-لىشلار بىلەن باراۋەر دەرىجىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. «خۇئاس-دۇقاسى»، «چىستانى ئىلىك بەگ»، «ئوغۇزنامە»، «قۇتاد-غۇبىلىك» ئوخشاش يۈزلىگەن يۈكسەك بەدىئىي ھەم پەلسە-پەۋى غايىلىك ئەسەرلەر شۇنچىلىك شۆھرەت قازانغانكى، ئۇلار شۇ چاغدىكى خىتاي، ئىران ھەم يۇنان ئەدەبىياتلىرىدىن ئۈستۈن تۇرار ئىدى. بۇ مەدەنىيەت ھەم مىللىي ياراتقۇنلىقلار بولسا كو-چارنى ئاساس قىلغان «يىپەك يولى» بىلەن، قەشقەردىن ئەرە-بىستانغىچە سوزۇلغان مىڭلىغان يوللار ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا تار-قالغان ئىدى.

بۇ مىللەت ۋە ياخۇت خەلقلەر ئارىسىدا بۇنچىلىك ئوخشاش زور ئىشلەرنىڭ بولۇشى ئۈچۈن ئۇلار ئەلبەتتە قۇدرەتلىك ھەم ئىلغار بىر مىللىي دۆلەتنىڭ بولۇشى شەرتلىكى ھەممىگە ئايان ھەقىقەتتۇر. ئەگەر بىز مۇ مۇشۇ ئومۇمىي ھەقىقەتنى نەزەرگە ئالساق ئۇچاغدا بىزنىڭ خەسلەتلىك ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركس-تاندا ئەنە شۇ قەبىلىلەر مىلادىنىڭ ٧- ئەسىرلىكى ھۇن- تابغاچ دەۋرىنى تارتىپ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئاتىلىرى بېسىپ ئالغان XVIII ئەسىرگىچە يەتتە مىللىي مۇس-تەقىل دۆلىتىمىزنىڭ ياشىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ئۇ دۆلەت-لەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى.

1. ئىلىك قاراخان دۆلىتى. دەۋرى قەبىلىلەر مىلادىنىڭ ٧-ئەسىرىنى بىزنىڭ II- ئەسىرىمىزغىچە. مەركىزى قەشقەر ئىدى.

2. ئىدىقۇت ياكى قوشخان دۆلىتى. دەۋرى قەبلەل ميلاد-
نىڭ II - ئەسىردىن بىزنىڭ VI - ئەسىرىمىزگىچە. مەركىزى ئەۋ-
ۋەل تۇرپان ئاندىن كۇنا خوتەننىڭ مەلىكە ئاۋات شەھەرى بولغان.
قوشخان دۆلىتى ياۋروپالىقلار «كۇشان» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.
بەزى خوتەن تارىخچىلىرى بۇ ئىسىم «توخقۇ خاقان دۆلىتى» دەپ
ھەم زىكىر قىلىنىپ كەلمەكتە.

3. تۈرك قاغانلىغى ياكى «خاقان ئەل تۈرك» دۆلىتى.
دەۋرى VII - ئەسىردىن - IX - ئەسىرگىچە. مەركىزى قاراقۇرۇم.

4. ئىككىنچى قاراخانىلار دۆلىتى. دەۋرى 870-1136.
مەركىزى قەشقەر بولغان.

5. كوسەن ئىسلام دۆلىتى. دەۋرى 1316-1515. مەركىزى
كۇچار ھەم ئىلىنىڭ ئالمىلىق شەھەرلىرى بولغان.

6. سەئىدىيە ئۇيغۇر مىللىي دۆلىتى. دەۋرى 1515-1683
مەركىزى ئەۋۋەل ئاقسۇ ئاندىن ياركەنت شەھەرى بولغان.

7. خوجا جاھان ئەرشى دۆلىتى. دەۋرى 1736-1756.
مەركىزى ياركەنت شەھەرى بولغان.

بۇ 7 دۆلەتنىڭ ئاخىرقىسى - خوجا جاھان ئەرشى دۆلىتىگىچە
ئۆتكەن ئالتە دۆلەتنىڭ مىللىي دۆلەتلىك ھوقۇقى ئانچە چوڭ
ئۆزگىرىشلەر بولماي، ئىزچىل تۈردە پۈتۈنلىكى ھامان قوغدىلىپ
ساقلىنىپ كەلگەن ئىدى. پەقەت خوجا جاھان ئەرشى دۆلىتى
ئاپپاق خوجا ئەۋلادىنىڭ كاساپىتى تۈپەيلى ئىچكى ئىختىلاپقا
ئۇچرىشىشى ئاندىن تاشقىرى ھەم جوڭغارلارغا ھەم خىتايلارغا
قارشى تۇرۇشى سەۋەبلىك ئۇنىڭ چېگرىسى شىمالدا ئىلىنىڭ
قىزىل ئۆزىنىچە، شەرقتە قومۇلغىچە يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە
ئالاتتى. بەزى تارىخچىلار بۇ دۆلەتنىڭ ئىلىدا ئەسىرى بولغان
دېگەن خاتا پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلمەكتە. ياق، ئەرشىنىڭ ئىسمى
شائىر ئىزاسىدىن خامۇشنىڭ ئىلىنىڭ ۋالىسى ئىدى. ئۇ شۇ يەردە
ئۆلدى. ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىرمۇ ئىلىدا.

بۇ دۆلەتلەردىن ئىلگىرىكى قاراخانىلار دەۋلىتىگىچە ئۆتكەن
ئىلىك ئۈچ دۆلەتنىڭ دۆلەت تىلىمۇ بىر قەشقەر شېۋىسىنى ئاساس
قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، دۆلەت يېزىقى مەزكۇر تىل-
نىڭ تەلەپپۇزى بويىچە تۈزۈلگەن بۇرۇنقى سانجۇ (ئورخۇن-
يېنسەي)، كېيىنكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىدى. ئىلگىرىكى قاراخانىلار
دۆلىتى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان 933-يىلىدىن كېيىن
ئاستا-ئاستا ئۆزلەشكەن "چاغاتاي تىلى" كېيىنكى ئوردا دۆلىتى-
نىڭ دۆلەت تىلى بولۇپ، ئەرەب يېزىقى ئۇلارنىڭ دۆلەت يېزىقى
بولۇپ كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ دۆلەتلەردىكى مىللىي قانۇن-قائىدە، ھەر-
بىي تۈزۈملەردە تامامەن بىر بولغان ئىدى. يەنى مەنسەپلەر، ھەم-
مىسى "ئوقۇز ئوغلۇق" قوشۇن تۈزۈلۈپ، ئۇلار: "تومۇرقانال"،
"قىلقۇيرۇق"، "سانجاق" - كېبىسەپۇس قائىدىلىرى ھەربىي
مەشقلەر قىلىشار ئىدى. تۈمەن (ئون مىڭلىق)، مىڭلىق، يۈزلىك
قوشۇنلەرنىڭ ئوردا تۈزۈلۈپ، ئونشۇ دەرىجىسى تۈزۈلمىچان بولغان
ئىدى، بۇ لەرنى يۈسۈپلار ئۇلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ
قۇتلۇق بىلىم دەپ نام ئالغان "قۇتادغۇبىلىك" بىلەن "قانۇن
نامە ئاساكەر" نىشەلىك دەستىمى ھەربىي قانۇنى كىتابلىرىدا
ئۇلۇغلانغان ئىدى.

مانا، بۇ شانلىق تارىخنى بىزنىڭ قەھرىمان پىداكار ئەۋ-
لادلىرىمىز ياراتقان، ئۇلار ئۆز دۆلىتىنى ساقلاپ ۋەتىنى بىلەن
خەلقىنى ھىمايە قىلىشتا ھېچ نېمىسىنى ئايىماي كۆرەش قىلغان. دۈش-
مەنلەرگە دۈشمەنلەرچە، دوستلارغا دوستلارچە مۇئامىلە قىلىپ
دۆلەت بىلەن مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەن
ئىدى. دەسلەپكى قاراخان - ئالىپ ئۈنگۈ خان، ئۇنىڭ چەۋرە
ئوغلى ئوغۇز قاراخان (قىپچاق مىلادىنىڭ ١٧-٧)، ئاقغاچ ئارسلان-
خان (XI)، ئىبنى ئارسلانخان (X)، يۈسۈپ قەدىرخان (XI)
دوغلات قاراخان (XIII)، بابۇر پادىشا، سەئىدخان، ئوغلى ئابدۇ-
رېشىتخان (XVI)، ئەرشى ئىسمى يۈسۈپ خوجا قاراخانلار (XVIII) —

ئەنە شۇنداق ئىستىداتلىق بىلىملىك پىدائىكارنى ئويغۇر دۆلەت ئەر-
بابلىرىدىن ئىدى. شۇڭا خەلق ئۇلارنى قاتتىق ھىمايە قىلغان ئىدى.
مۇشۇ شانلىق ئۇتۇشلاردىن كېيىنكى بىزنىڭ مىللىي تارىخىمىز
پۈتۈنلەي مەھكۇملۇق. بۇ مەھكۇملۇققا قارشى كۈرەش تارىخىدۇر.
ھەممىگە روشەنكى، تارىخىمىزدا ئاران 20 يىل ياشىسىمۇ لېكىن
مىللىي تارىخىمىزغا ئەنە ئۇلۇغ مىللىي خەلقچىللىقنىڭ نەمۇنىسى
پۈتۈپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە ئەرشى، ئۇلۇغ پۈتۈكچى، ئىنسى
خاموشى، بۈيۈك شائىرلىرىمىزدىن مۇھەممەت ئىمىن غوجام قۇلى
ئوغلى خىرقىتى، مۇھەممەت سىدىق زەلىلى، ۋەنە ۋۇلىتى كەبى
ئونلىغان مەرىپەتچىلەرنىڭ مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ، خەلق ئادا
مەشھۇر «شاھنامەنىڭ» تۈركچە تەرجىمىسىنى ھەدىيە قىلغان
ئاخىرقى (يەتتىنچى) غوجا جاھان ئەرشى دۆلىتى خانى ئاپپاق
غوجا ئەۋلادلىرىنىڭ خىيانىتى نەتىجىسى 1760-يىلى خىتاي مۇستەم-
لىكىچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئەلبەتتە
بۇ قۇللۇق مەسخىرىلىكنىڭ ئىپلاس ھايات ئىچىدە ياشاش ئەھلى
ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنى ئەينى مۇشۇ نومۇس ھەم
ۋىجدان ئۇلۇچىسى ئۇلۇچىلەن قەھرىمان ئوچتۇرپا ئىنقىلابى مىللىت-
مىز پېشانىسىگە قۇللۇق تامغىسى بېسىلىپ بەش يىل ئۆتە-ئۆتمەيلا
خىتاي دەۋدىپايلىرىغا قارشى بىرىنچى مىللىي ئازادلىق ئوقىنى ئاتتى-
بو ياكى ھەم سىنچى ئوق قەھرىمان ئوچتۇرپا ئىنقىلابچىلىرىنى قوللاپ
قوزغالغان قەشقەر، خوتەن، ياركەنت، ئاقسۇ، كۇچار،
ئىلى، قومۇل ۋە ئالتايلاردىكى پىدائىكار ئەجدادلىرىمىز تەنىپ-
دىن يەنە 400 قېتىم ئېتىلىپ، بۇنىڭ نەتىجىسى 1864-يىلى قەش-
قەرىيەدە تارىخىمىزدىكى 8-مىللىي مۇستەقىل دۆلەت - بەدۆ-
لەت ياقۇپبەگ دۆلىتى قۇرۇلدى. ئەپسۇسكى، بۇ دۆلەتمۇ ئەينى
غوجا جاھان ئەرشى دۆلىتى كەبى ياسكىنا ئىستىپا فىسزلىقلار تۈپەيلى
1877-يىلى يەنە خىتاي يەنجىسى ئاستىغا چۈشۈپ، مۇزەر
ۋەتىنىمىزدە خىتاينىڭ يېڭى قۇللۇق دەۋرى باشلاندى.

بۇ قېتىمقى قۇللۇق دەۋرى توغرى 51 يىل داۋام قىلىپ، مىللە-
تىمىزنى پۈتۈن تەرەپتىن بوغۇپ، كۆزگە كۆرۈنگەن ئەربابلىرىمىزنى
تامامەن دېگۈدەك يوقۇتۇپ، ئىقتىسادىي قاششاقلىققا چۈ-
شۈرۈپ قويسىمۇ. لېكىن مىللىتىمىزنىڭ ئىنقىلابى روھىنى سۇندۇرال-
مىدى. يۇقىرىقى ئۇلۇغ ئىنقىلابى تارىخلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىپ،
قەھرىمان ئەجداتلىرىمىز جاسارىتىنى ئىلھام ئالغان قومۇللۇق
خوجا نىياز ھاجىم، تۇرپانلىق مەھمۇد مۇھىتى بىلەن ئۇنىڭ
ئوقۇغۇچى ئابدۇلخالىق ئۇيغۇر، ئاقسۇلۇق ئومۇربەگ، قەشقەر-
لىق موللا سابىت داموللام، خوتەنلىك مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا،
كەلپىنلىك مەسئۇد ئەپەندى سابىرى، ئالتايلىق شەرىپخان قا-
تارلىق يېڭى ئىنقىلاپ پېشىۋالىرىمىز بىرنىڭ كەينىدىن بىرى مەيدانغا چىقىپ
بىرنىڭ يولىنى بىرى تەستىقلاپ 1930-يىلىدىن 1933-يىلىغىچە پۈ-
تۈن ۋەتىنىمىز بويىچە يېڭى مىللىي ئىنقىلاپ قوزغىۋەتتى. بۇنىڭ
نەتىجىسىدە يۇقىرىدا ئىسمىلىرى ئاتالغان شەخسلەر رەئىسلىكىدە ئاي
ئەلگە ئىناۋەتلىك تەجرىبىلىك موللا سابىت داموللامنىڭ تەشەببۇسى
ۋە يانى بىلەن 1933-يىلى كۈزدە قەشقەر ۋىلايىتىنى ئاساس
قىلغان ھالدا شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال ئىسلام جۇمھۇرىيىتى
قۇرۇلۇپ، ئۇ 31 ماددىلىق خىتابنامە جاكارلىدى. بۇ خىتابنامە
شۇ دەۋردە ئۈچۈن پۈتۈن تەرەپتىن مۇۋاپىق بولۇنۇشى ۋە ئېلىك
ئۆزىنى باشقا يۇرتلاردىكى ئەرباپلاردا زەھەل قوللاپ، كېچىكمەي
ئاقسۇ، خوتەن ئىنقىلاپ پېشىۋالىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كىردى. ئاھالىدە
يەنە كېچىكمەي قومۇلنى تۇرپانغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز تەسەر-
رۇپىغا ئالسىمۇ، ئۈرۈمچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىمالىي
شەرقىي تۈركىستاننىڭ تولۇق ۋەزىيىتىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغان
خىتاي قوماندانى شىڭ-شىسەي بىلەن سۆزلىشىپ كۆزلىگەن خو-
جا نىياز ھاجىم بىلەن مەھمۇت مۇھىتىلەر ھەم بۇ جۇمھۇرىيەتنى
ئۆز مىللىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىنكار قىلىپ، شىڭ-شى-
سەي بىلەن يوشۇرۇن تۈزۈلگەن سۆزلىرىنى كېيىن، قەشقەرگە يېتىپ
ئۇنىڭ ئىچىگە كىردى. بۇنىڭ بىلەن 1933-يىلى 11-ئاينىڭ 12-

كۈنى قەشقەردىن قومۇلغىچە بولغان ئەنئەنىۋى غوجاجاھان ئەرشى
دەۋلىتى ھۆدۇدى ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا تۇققۇزىنچى
مىللىي مۇستەقىل دەۋلەت بولۇپ، يوقۇلغان شەرقىي تۈركىستانىڭ
ئىستىقلال ئىسلام جۇمھۇرىيىتى تىكلىنىپ، مولا سابىت داموللامنىڭ پروگ-
راممىسى تولۇق ماقۇللانغان ئىدى.
بۇ جۇمھۇرىيەت ئۆزىنىڭ پۈتۈن تەشكىلى ھەم دەۋرىي ماھىيىتى
بىلەن 1930 - يىللىرى يەر يۈزىدە يېڭى نام ئالغان خەلق ئازاد دېموكرا-
تىزم تۈزۈمىگە مۇۋاپىق ئۆزىنى ئاساسى قانونلۇق جۇمھۇرىيەت دەپ ئېلان
قىلغان ئىدى. بۇ دەۋلەتنىڭ ئاخلاق تۈزۈدە زامانىسىنى توغرى چۈ-
شەنگەنلىكىدىن بېشارەت بولۇپ، ھەم تونۇشقۇچە ھەم كېلەچەككە دەۋرىدە
قەدەم تاشلىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئىلغار تۈزۈمگە يا-
رىشا تەۋرايدىكى ھەممە ئىنقىلابى كۈچلەر بىرلەشكەندىن كېيىن دەر-
ھال شەرئىلىك سايلام ئۆتكۈزۈپ، رەئىس جۇمھۇرلىككە غازى خوجام
نىياز ھاجىمنى، ۋەزىرلار كېڭىشىنىڭ باش ۋەزىرى قىلىپ مولا سابىت
داموللامنى، ھەربىي مۇداپىئە ھەيئىتىگە مەھمۇد مۇھىتى رەئىس
تەقلىدى. ۋەزىرلار كېڭىشىنىڭ نازىرلىرى سۈپىتىدە تاشقى ئىشلار
نازارىتىغا قاسىمجان ھاجىمنى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىغا سەئىد
زادە يۈنۈسبەگنى، دىنى ئىشلار نازارىتىغا شاھ مۇسەيىن ھاجىمنى،
ھەربىي ئىشلار نازارىتىغا قۇتغۇز ئورازبەگنى، مائارىپ نازارىتىغا
ئابدۇلكېرىم خان مەخسۇمنى، مالىيە - ئوقاپ نازارىتىغا شەمس-
دىن ئۆردى ھاجىمنى، ئەدلىيە نازارىتىغا زەرىپ قارى ھاجىمنى،
دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق نازارىتىغا ئوبۇلھۇسەيىن ھاجىمنى، سو-
دا - سانائەت نازارىتىغا ئەلى ئاخۇن باينى نازىر قىلىپ سايلىدى.
بۇ سايلام مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەندىن كېيىن مەخسۇس كېڭەش
ئۆتكۈزۈپ، شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ دەۋلەت
نىزامى بىلەن دەۋلەتنىڭ تۇنجى ئاساسى قانونىنى تەستىقلىدى. بۇ قانۇن
ھەم نىزاملار بويىچە دەۋلەتنىڭ ئەنئەنىۋى ئايى يۇلتۇزلۇق ئىسلام باي-
رىقى، "ئازادىيەت"، "ھۆررىيەت، ئىستىقلالىيەت" شوئارلىرى
ئاستىدىكى تۇغ يۇلتۇزلۇق دەۋلەت بەلگىسى (گېربى)، مىللىي ئاد-

موللا سابىت داموللامنىڭ

سۈرىتى

ھەيئەت سۈرىتى

مىسى ۋە دۆلەت ئاقچىسى تەسىس قىلىنىپ، ئۇ 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قەشقەر كونا شەھەرنىڭ ئەزەلىي دۆلەت ھەم خەلق مەيدانى بولۇپ كەلگەن «ھېيتگاھ» مەيدانىدا 8000 ئەسكەر، 13 مىڭدىن زىيادە ئاھالىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۆتكەن تەنتەنىلىك مەجلىستە رەسمىي ئېلان قىلىندى.

بۇ چوڭ داغدۇغىلىق يىغىنغا بىر قاتار چەت ئەللىك دىپلوماتلار، مېھمانلار ۋە ساياھەتچىلەرمۇ قاتناشقان ئىدى. جۇمھۇرىيەتنى ئۇنىڭغا نىھايەت زور خۇشاللىق ھېسسى بىلەن ئىشتىراك ئەتكەن ئا-تاقلىق تاتار ساياھەتچى دىنى ئالىم مۇسا جارۇللاھ بىگىيېۋ ھەز-رەتلىرى زور نۇتۇق بىلەن سۆزگە چىقىپ، «شەرقىي تۈركلەرنىڭ بۇ بۈيۈك غەلىبىسىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن» دېگەن ئىدى. شۇ كۈنى قەشقەر بويىچە سۈرۈن يېشىل بايراق قەغەزدىن چوڭ رەسىمى بادام يوپۇرمىقى بىلەن گۈللىنىپ، ئوتتۇرىسىغا ئۇچقان يارلىق پۈتۈلۈپ، يۇقۇرىلاق ئاسمانغا ئېسىلغان دۆلەتنىڭ بۇ سەرلەۋھىسى قەغەز تېخىنىسى رەسىملىرىدە خەشلەنگەن ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ئىشتا-رى بىلەن ئۆزىنىڭ مانا بۇ ھەقىقىي مۇستەقىل دۆلەت تۈزۈمى ئار-قىلىق تارىخىمىزدا ئابرويلۇق ئورۇن تۇتىدۇ. دۇنيا تارىخىدا، جاھان خەلقلىرى ئالدىدا بىزنى مەغرۇر ئېگىز كۆتۈرەلەيدۇ. ھال-بۇكى، بۇ دۆلەت قۇرۇلغان كۈنلىرى ئۆزىنى 1911 - يىلىدىن بۇيان «جۇڭخۇا مىنگو» دەپ جاكالاپ كەلگەن خىتاي دۆلىتى تېخى بۇ كەڭ بىر تىللىق غارەت دۆلەت تۈزۈمى يوق بولۇشتىن ئاشقىرى ئۇ مۇستەملىكە-چىلەر خوجايىنى شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە موڭغۇلىيەلەردىكى قۇللۇق تۈزۈمىنى مۇلايىم تاماي ئەمەلگە ئاشۇرماقتا ئىدى. كۈيشن بويان ئۆزىنى ئاسىيادىكى يېتەكلىگۈچىلەرنىڭ كۆزى دەپ ۋاقىراپ كەلگەن ياپونىيە مۇ بۇ كۈنلىرى بۇ تۈزۈمنى مۇستەسنا بولۇپ، ئۇ 1947 يىلى 3 - مايدا ئاساسىي قانونغا ئۆتكەن. ياۋروپا بويىچە ئۇزۇن XIX - ئەسىرنىڭ ئاخىرىسىدىن بۇيان «دېموكراتىيەم!» دەپ جاكا-

لاپ كەلگەن ئانگلىيەدىن باشقا (ئانگلىيە 1911-يىلى ئاساسىي قا-
نۇنغا كۆچكەن) ئىتالىيە 1947-يىلى 22-دېكابىر، گېرمانىيە 1949-
يىلى 23-ماي، فرانسىيە 1958-يىلى 4-ئۆكتەبىر ئاساسىي قا-
نۇنغا ئۆتكەن. دېمەك، بۇلارنى ھېسابقا ئالغاندا بىزنىڭ قۇتلۇق
دىيارىمىزدا يۇقۇرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن دۆلەتلەردىن چارەك
ئەسىر بۇرۇن ئۆز تەشكىلىي زامانىۋىيلىكىنى بەرپا قىلغان شەر-
قىي تۈركىستان ئىستىقلال ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخىي ئەھمىي-
يىتىنى يۇقۇرى كۆتۈرىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا 1930-يىللىرى بۇنداق بىر ئىلغار مىللىي
دۆلەت تۈزۈمىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىگە نېمە سەۋەپ ئىدى؟ بۇنىڭ
ئومۇمىي ۋە شەخسىي بولۇپ ئۈچ سەۋەبى بار ئىدى. ئومۇمىي سە-
ۋەپنىڭ بىرىنچىسى شۇ ئىدىكى، بىز يۇقۇرىدا قىسقىچە تىلغا ئېلىپ
ئۆتكەن غوجا جاھان ئەرشىدە دۆلىتى XVIII-ئەسىرنىڭ بىرىنچى
يېرىمىدا (1736-1766) ۋۇجۇتقا كەلگەن تۇنجى ئۇيغۇر مىللىي
دېموكراتىيىسى XVIII-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يەنى 1787-يىلى
17-سېنتەبىردە سەپلەشكەن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ
دېموكراتىيىسىنى بۇرۇن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئۆزىگە خاس بىر
مىللىي دېموكراتىيە بولۇپ، ئۇ كېيىنكى ئەۋلاد ئۈچۈن ئىلھام بەخش
ئەتكەن ئىدى. ئۇ كەينىدە بۇ دۆلەتتە يېڭىچە جارى بولدى.

ئىككىنچىسى، خوشنىمىز روسىيەدە 1917-يىلى يۈز بەرگەن
ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بىلەن ئافغانىستاندا 1919-يىلى كونا شاھلىق تۈ-
زۈمى ئۆرۈلۈپ ئۆتكەن يېڭى دۆلەت ئىسلاھاتلىرى شەرقىي تۈر-
كىستانغا ئەلبەتتە تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. شەخسىي سەۋەپ
بولسا مەركەزدە دۆلەت تۈزۈمىنىڭ تەشەببۇسچىسى مولا سابىت
داموللام تۈركىيەدە 1920-يىللىرى ۋۇجۇتقا كەلگەن بىيۇك ئاتا
تۈرك يېڭىلىقلىرىنى ياخشى بىلگەن ۋە ئۆتكىنىنى دەۋرىدىن ئەلەم ئالغان
شەخسىي بولغاچقا ئۇ ئۆزى خالىسىلا بۇ يېڭىلىقلارنى ئۆز دۆلىتىگە

تەتبىق قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جاللاد شىڭ-شىسەي مولا سابىت داموللامنى نەھايەت يامان كۆرگەن ئىدى.

ئەمما مىڭ-مىڭ ئەپسۇسلەر بولسۇنكى، شەرقىي تۈركىستان تا-رىخىدا يۇقۇرىدا ئېيتقانلىرىمىزچە يالقۇنلۇق بىر سەھىپە ياراتقان شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئۇزۇن ياشىيالمىدى. ئۇ خۇددى قاراڭغۇ مۇھىت ئىچىدىكى سەدەپ ئاغزىنى ئاچقاندا ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەر-ۋايىت ئاجايىپ بىر سېھىرى نۇر چېچىپ ئۆتكىنى مىسالى مۇزتەرۋە تىنىمىز ئۈستىدە 15 يىللىق قاراڭغۇلۇق دەۋرانىنى يورۇتۇپ كەلگەن خىتاي يىلىڭ ئەشەددىي قارا تۈنىگە بىر خاتىمە بېرىپ، تولۇق ۋەتىنىمىز ئاسمىنىغا ئۆزىنىڭ بىر يارلاق، يېڭىلىق ھەم ھەقىقىي مىللىي ئازادلىق نۇرىنى چېچىپ، ئىككىنچى يىلىغا ئەمدى قەدەم باسقاندا ئەينى ھېلىقى سەدەپ ئاغزى يېپىلغاندەك يەنە مۇدھىش قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان مەرۋا-يىتتەك بىردىن كۆزدىن غايىپ بولدى. بۇنى مۇناپىق بەدنىيى تەسەۋ-ۋۇر قىلىشىمىزنىڭ مەنىسى شۇكى. ئۇ دۆلەتنىڭ يوقۇلىشىدىكى كۆپ سەۋەبلەر خۇددى بىزدىن بۇرۇنقى تارىخچىلار كۆز ياشلىرى بىلەن ئىزھار قىلغاندەك، چىن تۇغىسىز ئىچكى نىزاغ، مۇرتەد-لىك، مۇناپىقلىق، مۇقابىلىدىكى دۈشمەننىڭ ھېيلىسىگە ئالدىنىش تاشقى خىيانەتلەر ئۇنى بەرباد قىلغان ئىدى. بىز بۇ ماقالىمىزدا ئۇ ئاچچىق دەللەرنى تاكرارلىماي، پەقەت ئۇنىڭ مۇھىم ئىككى ئىستىرا-تېگىيەلىك سىياسىي سەۋەبلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتىمىز.

ئۇ ئىككى ئىستىراتېگىيەلىك سەۋەبلەرنىڭ بىرىنچىسى شۇكى، ئۇ دەۋ-لەت پادىشاھ ھەرقانداق بىرىنىڭ قۇرۇلغان ھاكىمىيەت ئۆزىنى مۇس-تەھكەملەپ ئالغىچە قاتتىق قوللۇغلۇق ۋە يۇقىرى سىياسىي ھوشيارلىق بىلەن ۋەزىيەت ئاتقۇرىدىغان پاۋقۇلئاددە ھەربىي ياكى ئىنقىلابىي كېڭىشى قۇرماي، بىردىن تەجرىبىسىز رەئىس جۇمھۇرنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېلىشى نەتىجىسىدە ھۆكۈمەت ھەدېگەندە داغدۇغىلىق تاشقى سىياسەتكە بېرىلىپ كېتىپ، ئىچكى سىياسەت ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر مۇنچە ۋاقىت چىقىرىپ، پۇل زىيىپ تاشقى ئىشلار نازىرى قاسىم جان ھاجىمنى خارىجىغا ماڭغۇزغىچە ئىچكى ئىشلار بۇزۇلۇپ كەتتى.

ئىلكىنچىسىنى، ئۇ دەۋلەت رەھبەرلىكى شۇ كۈنى شۇ سانائەتلەردىكى
چوقۇم دۈشمەن شېڭ شىسەينى باشقا ئۆزىگە رەقىب بولۇپ يۈرۈ-
لىشىۋاتقان باشقا كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاق قىلىشنى بىلمەيدى. مەسىلەن،
ئۇ ئۆزى ئۈچۈن بۇرۇنقى دوست ماجۇڭيىڭ كۈچلىرىگە سەل قاراپ
بەلكىم ئۇنىڭغا قىمىر كۆرۈشتىن نەتىجىسىدە ماجۇڭيىڭ ئۇلارنىڭ
زەربىگە چۈشۈپ، شېڭ شىسەينى ئالالمىغان كۈچىنى بۇ يېڭى
دۆلەتنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بىرىنچى زەربە بولۇپ تەگدى. بۇ ھال نام-
نىڭ كەينىدە قاراپ تۇرغان جاللاد شېڭ شىسەيگە ئېپىلغۇسىنى ئۇر-
سەت بېرىپ ئۇ 1934-يىلى ئەتىيازدا ھەم شەرقىي تۈركىستان
ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتىنى ۋە ھەم ماجۇڭيىڭنى تارىخ سەھىپىسىدىن
تۈزۈتۈپ، ئۆزىنىڭ يالغان ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ ئالغانىدى.

بۇ يىل تارىخىمىزنىڭ مانا مۇشۇ بىر ئاچچىق سەھىپىسى —
شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىگە ۋە ئۇ مۇۋەپپەقىيەتسىز
بولۇپ مىللىتىمىز بېشىدا خىتاي زۇلۇمىنىڭ يەنە داۋام قىلىنىشىغا
50 يىل توشتى. بۇ ئارىدا بىزنىڭ قەھرىمان ۋە پىداكار خەلقىمىز خىتاي
مۇستەملىكىچى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئونلىغان مىللىي ئىنقىلابلارنى قىلىپ
كەلدى 1945-1950 يىللىرى ئارىسىدا شىمالىي شەرقىي تۈركىستاندا
ئىلكىنچى بىر ئىستىقلالىيەتكە قولى يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مۇ يۇ-
قۇرقىلارغا بەسەۋەپلەر تۈپەيلى بەربات بولۇپ مىللىتىمىز ھونۇز
خىتاي يەتكىسىدە قىلىنىۋەردى. بۇ 50 يىل ئىچىدە مىللىتىمىز بېش-
دىن كەچكەن مىللىي ئازاب ئوقۇبەتلەرنى تارىخىمىزدا بولۇپ
ئۆتكەن ھېچ بىر زۇلۇم سىستېمىلەردە تەخلە شۇ تۈرگىلى بولمايدۇ.
مەسىلەن، گەرچە جاللاد شېڭ شىسەي 1933-1943 يىللىرى ئا-
رىسىدا شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي رەھبەر-
لىرىنى مەرھۇم مولا سابىت دامولام باشلىق 300 مىڭغا يېقىن مىللىي
زىيالىلىرىمىزنى؛ "پانتۈركىست"، "پانئىسلامىست" دېگەن يالغان
قالپاق ئىچىدە 70 مىڭدىن زىيادە جىسمانىي ئازابلار بىلەن ئازابلاپ ئۆل-
تۈرگەن بولسا، 1949-يىلىدىن بۇيانقى ماۋ فاشىستى كۈچلىرى 100
مىڭدىن ئوشۇق ئازاب چارىلىرى بىلەن 2,5 مىليون ۋەتەنداشلى-

دىمىزنى ۋەھشىلەرچە قىرىپ يوق ئەتتى. بۈگۈن ئۇ ئەبلەخلەرنىڭ ئو-
لۇق ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزىۋاتقان بېسىقتۇرۇش
ھەرىكەتلىرى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، مىللىتىمىز ئالدىدا ئىككىلا
مەنزىرە قالدى. ئۇنىڭ بىرسى – يا شەرقىي تۈركىستان شەرقىي تۈر-
كىستان بولۇپ خىتاي بېسىملىرى قولىدىن ئەبەدىي ئازات بولىدۇ.
يا ئۇ تامامەن خىتايلىشىپ خىتاينىڭ مەڭگۈلۈك بىر ئۆلكىسىگە ئايلىنىپ
قالىدۇ. ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزدا مۇشۇ ئىككى مەنزىرىدىن باشقا
مەنزىرە يوق. (بۇ خۇسۇستىكى تەپسىلاتلارنى ئايرىم يازىمەن).

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا: تارىخچىلارنىڭ تارىخ يېزىشى، ئوقۇ-
غۇچىلارنىڭ ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ ئۆگىنىشكە ياكى غۇرۇرلۇق بىلەن
ۋە ياكى ئۆگىنىش بىلەن نەزەر سېلىشى – بۇ بىر ئادەتتىكى ۋەتەنپەرۋەر-
لىك ئىش ئەمەس. چۈنكى تارىخ ئادەتتىكى نەرسە ئەمەس. ئۇ ھەر
بىر خەلقنىڭ، شۇ خەلقنى باغرىغا تۇتۇپ يېتىشتۈرگەن ئۇزۇن يىللار ئەمگەك
قىلغان قۇتلۇق دىيارىنىڭ شۇ دىياردا ياشىغان مىللىي مەدەنىيەتنىڭ
ئەينىكى بولۇپ، تارىخچى ئۇنىڭ شاھىدىدۇر. شۇڭا ئەگەر بىر
كىشى ئۆز تارىخىنىڭ ھەقىقىي مۇخلىسى ياكى شاھىدى بولىمەن دېسە،
ئۆز تارىخىنىڭ مىللىي غۇرۇرى بىلەن ھەقلىق ئۇسۇلدا بېزەلىسە،
مۇڭى-پاجىئەسى بىلەن ئۆكسۈپ يارىلىپ، ئەۋلادلىرىنى كۆچۈرگەن
قارالارنى ئەۋلادىمىزغا چۈشەندۈرسىلەر ئۈچۈن شۇ تارىختىكى
قەھرىمانلارچە چېلىشىش قىلمىقىلىرى لازىم. بىز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈر-
كىستاننىڭ ئىچى ۋە تېشىدىكى پۈتۈن ۋەتەنداشلىرىمىزنى تارىخىمىز-
دىكى ئەڭ شەرەپلىك كۈرەشلەرگە يەنە بىر قېتىم ۋارىس بولۇپ،
مىللىتىمىزنى خىتاي ۋەھشىي ئاتېيلىرى قولىدىن ئەبەدىي قۇتۇلدۇ-
رۇش ئۈچۈن يېڭى كۈرەشكە چىقىشقا دەۋەت قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن
بىز ئەگەر بۇ قۇتلۇق كۈرەشكە ئاتلانساق بىزنى دۇنيادىكى ھەممە ئا-
زادلىقسۆيەر ئەللەرنىڭ بولايمۇ بىز بىلەن 1050 يىلدىن بېرى ئۇلۇق
ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان ئىسلام ئەللىرى قوللۇق
قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ دەپ ئۈمىد قىلىمىز.